# شىنجاڭ چامباشچىلىق كوماندىسى ئىناقلىق كۈيىنى ياڭراتتى

**دىققەتنى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مەركەزلەشتۈرۈش**

□ مۇخبىرىمىز جىڭ يېيۈەن

31 ياشلىق پېشقەدەم تەنھەرىكەتچى دىلنار دىلشات يارىلىنىش، ئاغرىق، ۋاقىت پەرقى قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە تۇنجى قېتىم قاتناشقان كىچىك ئەزىمەت دىلىڭ چىخاڭ ۋە ما جيايىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مىللىيچە چامباشچىلىق تۈرىدە، شىنجاڭلىقلارنىڭ جۇشقۇن ئەنئەنىۋى چامباشچىلىققا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرغانلىقىنى نامايان قىلدى.

بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان شىنجاڭ چامباشچىلىق كوماندىسىدا جەمئىي بەش ئادەم بار، ئۇلار بەش مىللەتتىن بولۇپ، يېتەكچى جاۋ كۇن خەنزۇ، تىرېنېر ۋۇ شياۋلىن جۇاڭزۇ، ئۈچ نەپەر كوماندا ئەزاسى ئۇيغۇر، مانجۇ ۋە خۇيزۇ مىللىتىدىن. پۈتۈن كوماندا تەشكىللىنىپ قۇرۇلۇشتىن كوللېكتىپ مەشىق قىلىشقىچە، ئاندىن يەنە مۇسابىقە باسقۇچىغىچە ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق كەيپىياتىغا تولدى.

«كۆزۈڭلار ئالدىغا تىكىلسۇن، مۇشتقا قاراڭلار، باشنى بۇراش سۈرئىتىڭلار تېزرەك بولسۇن...» مۇسابىقىدىن ئىلگىرىكى كوللېكتىپ مەشىقتە، كوماندىدىكى دىلنار ھەدە ئىزچىل شاگىرت ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ماھارەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەمدەم بولدى.

«مەيداندىكى بىر مىنۇت ئۈچۈن، ئون يىل مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇسابىقە مەيدانىدىكى ھەربىر ھەرىكەت قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنگەن بىلەن، لېكىن ھەربىر تاكتىكا، ئۇسۇلنىڭ ھەممىسى قايتا - قايتا مەشىق قىلىش، ئەستايىدىل چېنىقىشتىن كەلگەن.» دىلنار مۇنداق دېدى: «مەن ھۇجۇم قىلىشتا ئاساسلىقى تيانشان مۇشتى ۋە تيانشان قىلىچى ئۇسۇلىنى قوللىنىمەن، گەرچە بىزنىڭ چامباشچىلىق ماھارىتىمىز ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بىللە مەشىق قىلغاندا، بىز بىر - بىرىمىزگە كەمچىلىكلىرىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىمىز، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ ئۆگىنىمىز».

ما جيايى مۇنداق دېدى: «ئىككى ئايلىق ئۇچرىشىش ۋە چۈشىنىش ئارقىلىق، مېنىڭ دىلنار ھەدەمگە بولغان مۇھەببىتىم كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلاشتى. ئۇ بىزگە خۇددى ئۆز ھەدىمىزگە ئوخشاش ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلدى، ھالىمىزدىن خەۋەر ئالدى».

پېشقەدەم تەنھەرىكەتچى دىلنار 2003 - يىلىدىن باشلاپلا شىنجاڭ چامباشچىلىق كوماندىسىغا ۋاكالىتەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، مىللىيچە چامباشچىلىق تۈرىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

مانجۇ كىچىك ئەزىمەت دىلىڭ چىخاڭ ۋە خۇيزۇ قىز ما جيايىلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئۇلار دىلنار ھەدىنىڭ ئېغىزىدا سۆزلەپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ تەربىيە بېرىشى بىلەن ئىككى ئاي جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق، ماھارەت، سەۋىيەدە تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى.

تىرېنېر ۋۇ شياۋلىن مۇنداق دېدى: «ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كوماندا ئەزالىرى مەشىق مەيدانىدا قان - تەر تۆكۈپ، مۇسابىقە مەيدانىدا باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىسىنى نامايان قىلدى».

كوماندا يېتەكچىسى جاۋ كۇن مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىم مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان كوماندا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئەل ئارىسىدىن تاللاپ چىقىلغان چامباشچىلىق سەرخىللىرى. كۆپچىلىكنىڭ كوللېكتىپ مەشىق قىلىشتىن مۇسابىقىگە قاتنىشىشقىچە بىللە تۇرغان ۋاقتى قىسقىغىنا نەچچە ئايلا بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك دائىم ئۆزئارا ئۆگىنىپ، پىكىر ئالماشتۇردى، ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگىنىپ، كەمچىلىكلەرنى تولۇقلىدى. مۇسابىقە مەزگىلىدە، كۆپچىلىك بىر چوڭ ئائىلىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆگىنىپ ئىلگىرىلەپ، جۇشقۇن ئەنئەنىۋى چامباشچىلىقنى ئورتاق ئەۋج ئالدۇردى».

# ئاپتونوم رايون 2019 - يىللىق كۆزگى بۇغداي تېرىش خىزمەت يىغىنى ئاچتى

## 10 مىليون مو كۆزگى بۇغداي تېرىشنىڭ يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانىنى چۈشۈردى

مۇخبىرىمىز لىيۇ يى خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئاپتونوم رايون سانجى شەھىرىدە 2019 - يىللىق كۆزگى بۇغداي تېرىش خىزمەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا، بۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە 10 مىليون مو كۆزگى بۇغداي تېرىشنىڭ يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانى چۈشۈرۈلدى ھەم كۆزگى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى تەكشى، مۇقىم تەرەققىيات ياخشى ۋەزىيىتىنى داۋاملىق ساقلىدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشىدا ئومۇمىي جەھەتتىن «بىرلىك ھوسۇل ئېشىش، سۈپەت ياخشىلىنىش، كۆلەم ئازىيىش، ئومۇمىي ھوسۇل ئازىيىش» ھالىتى كۆرۈلدى. ھەرقايسى جايلار ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، دۆلەت ھەمدە ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش توغرىسىدىكى قاتتىق تەلىپى بويىچە، ئەمەلىي ئېھتىياجغا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ يىللىق كۆزگى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، كۆزگى بۇغداي تېرىشنىڭ ئاچقۇچلۇق ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆزگى بۇغداي تېرىش يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆلەمنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېرىقچىلىق ئالدىدىكى تەييارلىق، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى زاپاس تەييارلاش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى بويىچە تەربىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسەتنى يولغا قويۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى قوغداش ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ۋالىي، ئوبلاست(شەھەر) باشلىقى، ھاكىم(شەھەر باشلىقى) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش - ھەمكارلىشىش ۋە تەكشۈرۈش - ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېرىش پىلانىنى تاماملاش، ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى تۈرلۈك تەدبىر ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزگى بۇغداي تېرىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىدىن قالدۇرغان كادىرلار ئىسملىكى

**(2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

يولداش گۇەن فېڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش تۇمۇر مەمەت ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛

يولداش يەن ۋېيگو ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى.

# شىنجاڭ «ئۈچ بازا، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك تېزلەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال ئىنقىلابىنى ئالغا سىلجىتىشنى يۆنىلىش قىلىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ تىپتىكى نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ۋە زاپاس ساقلاش بازىسى، چوڭ تىپتىكى كۆمۈر، كۆمۈر ئېلېكتىر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى بازىسى، چوڭ تىپتىكى شامال ئېلېكتىر ۋە قۇياش ئېنېرگىيەلىك توك تارقىتىش بازىسى، دۆلەت ئېنېرگىيە بايلىقى قۇرۇقلۇق چوڭ يولى ۋە ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر تۈركۈم «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»، زامانىۋى كۆمۈر - خىمىيە سانائىتى قاتارلىق مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنى قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش كاپالىتى ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز شەرقىي جۇڭغار چوڭ قۇدۇق كان رايونى جەنۇبىي ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانى، شەرقىي جۇڭغار شىخېيشەن كان رايونى جياڭجۈن چۆلى 2 - نومۇرلۇق ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانى، قومۇل بوغاز كان رايونى 1 - نومۇردىن ئىبارەت 10 مىليون تونىنا دەرىجىلىك ئۈچ ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى كۆمۈر كانىنى قۇرۇپ چىقتى. «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» 1 - يولى قومۇلنىڭ جەنۇبى - جېڭجۇ 800 ± كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، 2 - يولى شەرقىي جۇڭغار - خۇادۇڭ(جەنۇبىي ئەنخۇي) 1100 ± كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ يانداش سىرتقا يەتكۈزۈش توك مەنبەسى ئارقا - ئارقىدىن پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. چىڭخۇا ئىلى 1 - قارارلىق يىلىغا 1 مىليارد 375 مىليون كۇب مېتىر كۆمۈردىن تەبىئىي گاز ئىشلەش، ئىلى شىنتيەن يىلىغا 2 مىليارد كۇب مېتىر كۆمۈردىن تەبىئىي گاز ئىشلەش قاتارلىق زامانىۋى كۆمۈر خىمىيە سانائىتى تۈرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز جۇڭغار، تارىم، تۇرپان - قومۇلدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ نېفىت، گاز ئويمانلىقىدىكى بايلىق مەنبەسىنى چارلاش ۋە ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، ماخۇ نېفىتلىكى، جىمسار زىچ نېفىتلىكى، شۇنبېي نېفىتلىكى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى نېفىتلىك - گازلىقلاردا يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈردى، مۆلچەرلىنىشچە، 2020 - يىلىغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى 60 مىليون تونىنا نېفىت، گاز ئېكۋىۋالېنتىغا يېتىدىكەن. مايتاغ، ئۈرۈمچى، قاراماي، جەنۇبىي شىنجاڭ تارىم دەرياسى نېفىت خىمىيەسى قاتارلىق 10 مىليون تونىنا دەرىجىلىك ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى نېفىت ئايرىش ۋە خىمىيە سانائىتى بىر گەۋدىلەشكەن بازا شەكىللەندۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ خام نېفىتنى بىر قېتىمدا پىششىقلاش ئىقتىدارى 29 مىليون 500 مىڭ تونىنىغا يېتىدىكەن.

يېڭى ئېنېرگىيە تۈرى قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلدى. قومۇلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى شامال رايونىدىكى 1 - قارارلىق شامال ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ فوتوۋولت توك تارقىتىش بازىسى قاتارلىق مۇھىم، زور يېڭى ئېنېرگىيە تۈرلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇپ چىقىلدى، 2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پاكىز ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 36 مىليون 422 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ 41.1%نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئېنېرگىيە باشقارمىسىدىكى ئالاقىدار خادىم مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ئېنېرگىيە تۈزۈلمە - مېخانىزم ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئېنېرگىيەنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز قوزغاتتى. بىر تۈركۈم پۇقراۋى كارخانىلار ۋە نېفىتچىلىك بىلەن شۇغۇللانمايدىغان دۆلەت كارخانىلىرى يۇقىرى ئېقىندىكى چارلاش، ئېچىش بازىرىغا كىرىپ، 21 نېفىت، نېفىت خىمىيە تۈرى، 49 نېفىتكە ئالاقىدار مۇلازىمەت كارخانىسى بىلەن شېرىكلىشىپ ھەمكارلىشىپ، تەۋە جايدا ئەنگە ئالدۇرۇشنى تاماملىدى، شىنجاڭنىڭ نېفىت، گاز سودا مەركىزى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى تېز سۈرئەتتە ئالغا سىلجىتىلماقتا.

# ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتە باسقۇچلۇق نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

گو ۋېيى مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى مەزگىلدە نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشنى «ئۆزىنى ئۆزى باقالمايدىغان» رايونلاردىكى نامرات ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ ئۈنۈملۈك يولى قىلىپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تەشكىلىي كاپالەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسەت - تەدبىرلەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش خىزمىتىگە پۇختا تۈرتكە بولۇپ، باسقۇچلۇق نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشچە، 2016 - يىلىدىن 2018 - يىلىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا 35 مىڭ 745 ئائىلىدىكى 140 مىڭ كىشىنىڭ ھەممىسى كۆچۈرۈلۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان. 2019 - يىلى، دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزغا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 4380 ئائىلىدىكى 19 مىڭ 117 كىشىنى كۆچۈرۈش ۋەزىپىسىنى چۈشۈرگەن، بۇ، ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يەتتە ناھىيە(شەھەر)گە چېتىلىدىغان بولۇپ، 4380 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي تولۇق سېلىنىپ بولغان.

ئاپتونوم رايونىمىز كەنت، ئائىلە، ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ نامراتلىق سەۋەبىگە ئاساسەن، خاس دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى، ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، داۋاملاشما كەسىپلەرگە ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، داۋاملاشما كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى.

گو ۋېيى مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە، ھەرقايسى جايلار 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ نىشاننى تولۇق تاماملاشنى چۆرىدەپ، خىزمەتنى مۇددەتكە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆچۈرۈلگەن ئاممىنى تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹13 - بەش يىل›دىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى قەتئىي تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ياخشى ئاساس سالدى».

---

(بېشى 1 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسىپلىرى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش تەلىپى بويىچە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىيات ئورنىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەڭشەپ، يىرىك پىلان ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، قاتناشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇھىت ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاقسۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى شەھەرچىسى(تەرەققىيات رايونى)نىڭ قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىدا ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئائىلە مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش - تۈرلىرىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇش ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رولغا ئىگە. ئائىلە مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش - تۈرلىرىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇشنى مۇھىم خىزمەت قارالمىسىغا كىرگۈزۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ماس ئالغا سىلجىتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، تۈرلۈك سىياسەت - تەدبىرلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان كۆپ خىللاشقان ئائىلە مۇلازىمىتى ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، ئائىلە مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاممىۋى بايلىق سودا سۇپىلىرىنى بىرلىكتۈرۈپ، ھەمبەھىرلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغاپ بېرىش، كارخانىلارنىڭ سودا تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن ئاممىۋى بايلىق سودا سۇپىسىنى بىرلىكتۈرۈپ قۇرۇپ، ئاممىۋى بايلىق سودا قائىدىسى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى بايلىق سودا تەرتىپىنى تېخىمۇ ئىلمىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ، سودا پائالىيىتىنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، تەرتىپلىك قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۈنۈم ۋە پايدىنى ئاشۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن، تەرتىپلىك رىقابەتلىشىدىغان ئاممىۋى بايلىق سودا بازىرىنىڭ ساغلام يۈرۈشۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.